# قازاقستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي

























قازاقستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي بانكىسىنىڭ بانكنوتى ــ 100، 50، 20 ۋە 10 تەڭگە قىممىتىدە بانكنوتنى 144×69 مىللىمېتىر ھەجىمدىكى قەغەزگە بېسىلغان. ھەر بىر بانكنوتنىڭ ئوتتۇرىسىدا نومىنال تېكىستى ۋە رەقەملەر بېرىلگەن. سول تەرەپتىكى تۆۋەندىكى بۇلۇڭدا نومىنالنىڭ رەقەملىك بەلگۈسى، ئۇنىڭ ئۈستىدە بولسا نەقىشلىك كەشتە بار. ئوتتۇرىسىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي بانكىسى رەئىسىنىڭ ئىمزاسى ۋە چىققان يىلى كۆرسىتىلگەن. ئۇقۇرىدىكى ئوڭ تەرەپتە قازاق مىللىي نەقىشى بېرىلگەن. ئۇقۇرىدىكى سول تەرەپتە توغرىسىغا ۋە ئوڭ تەرەپتە ئۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارا رەڭ بىلەن بانكنوتنىڭ سېرىيەسى ۋە نومېرى كۆرسىتىلگەن.

بۇ نومىناللارنىڭ كەينى تەرىپىدە ئوڭدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېربى ئەكسى ئەتتۇرۇلگەن ۋە ئاق بوشلۇققا «بانكنوتلاردى قولدان جاسائۇ زاڭمېن قۇدالانادى» دېگەن تېكىست بېرىلگەن. ئوڭ تەرەپتە كۆرۈنىدىغان بەلگۈلەرنىڭ ئاق بوشلۇغى. ئۈچ تەرەپتىن قازاق نەقىشلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئوڭدا ئاق بوشلۇقتا تۆۋەنكى بۇلۇڭدا سىزىلغان نەقىش فونىدا پۇلنىڭ رەقەملىك بەلگۈلىرى بېرىلگەن. بېسىلغان مەيداندا تېگىشلىك بانكنوت نومىنالىنىڭ رەقەملىك ۋە تېكىستلىق بەلگۈلىرى بار.

يۈز تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ بىرىنچى بېتىدە سۇسۇنرەك كۆپرەك. سول تەرەپتىكى ئاق بوشلۇقتا ئۇقۇرىدىن تۆۋەنگە كۆك رەڭدە «قازاقستان ئۇلتتىق بانكى» تېكىست بېرىلگەن.

سول تەرەپتىكى تۆۋەنكى بۇلۇڭدا ۋە ئوڭ تەرەپتىكى ئۇقۇرىدا «100» رەقەمى يېزىلغان. بانكنوتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئابلايخاننىڭ پورترېتى ۋە ئۇقۇرىدىن تۆۋەنگە كۆك رەڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ھايات يىللىرى يېزىلغان. تۆۋەندە پورترېتنىڭ سول تەرىپىدە چېكىلگەن نەقىش بار. بانكنوتنىڭ سول تەرىپىنىڭ ئۈستىدە ئابلايخاننىڭ پورترېتى چۈشىرىلگەن، كۈندە كۆرۈنىدىغان بەلگۈ. سول تەرەپنىڭ ئۇقۇرىسىدا بېزەك لېنتا سىزىلغان.

يۈز تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ ئارقا تەرىپى كۆپرەك ھال رەڭدە. بانكنوتنىڭ ئوتتۇرىسىدا غوجا ئەخمەت ياساۋىي ماۋزولېيى. ئەللىك تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ بىرىنچى بېتىدە ئوچۇق قوڭۇر رەڭ قېنىغىراق. بانكنوتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئابلخايىرخاننىڭ پورترېتى جايلاشقان ۋە ئۇقۇرىدىن تۆۋەنگە ئوچۇق رەڭدە ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ھايات يىللىرى يېزىلغان. بانكنوتنىڭ سول تەرىپىدە «قازاقستان ئۇلتتىق بانكى» دېگەن تېكىست قوڭۇر رەڭدە يېزىلغان. سول تەرەپنىڭ تۆۋەنكى بۇلۇڭدا ۋە ئوڭ تەرەپتىن ئۇقۇرىدا بانكنوتنىڭ رەقەم نومىنالى ــ «50» بېرىلگەن. بانكنوتنىڭ سول تەرىپىدە ئابلخايىرخاننىڭ پورترېتى چۈشىرىلگەن كۈندە كۆرۈنىدىغان بەلگۈ.

50 تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ ئارقا تەرىپى قوڭۇر رەڭلىك.

ئوتتۇرىسىدا قازاقستاننىڭ قېدىمىي سەنئىتىنى ئىپادىلەيدىغان ماڭغىستاۋ تاغلىرىدىكى رەسىملەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

20 تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ بىرىنچى بېتىدە قويۇق قوڭۇر رەڭ بېسىمىراق. بانكنوتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قازاق شائىرى ئابايىنىڭ پورترېتى جايلاشقان ئوڭ تەرەپتە ئۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارا رەڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ھايات يىللىرى يېزىلغان. پورترېتنىڭ سول تەرىپىنىڭ تۆۋىنىدە چېكىلگەن نەقىش. بانكنوتنىڭ سول تەرىپىدە «قازاقستان ئۇلتتىق بانكى» دېگەن تېكىست قوڭۇر رەڭدە يېزىلغان ۋە ئابايىنىڭ كۈندە كۆرۈنىدىغان پورترېتىنىڭ بەلگۈسى بېرىلگەن.

سول تەرەپنىڭ تۆۋىنىدە «20» دېگەن رەقەم، ئۇنىڭ ئاستىدا نەقىشلىك كەشتە. 20 تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ ئارقا تەرىپى ئاساسەن قوڭۇر رەڭدە ئوتتۇرىسىدا ئاباي قۇنانبايېۋ ئەسەرلىرىدىكى بۈركۈتچىنىڭ بۈركۈت بىلەن تۇرغىنى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

10 تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ بىرىنچى بېتى قېنىق يېشىل رەڭدە بانكنوتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قازاق مەرىپەتچىسى چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ پورترېتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوڭ تەرەپتە تىك سىزىقتا قېنىق يېشىل رەڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ھايات يىللىرى يېزىلغان. پورترېتنىڭ سول تەرىپىنىڭ تۆۋىنىدە قازاق نەقىشى. بانكنوتنىڭ سول تەرىپىدە «قازاقستان ئۇلتتىق بانكى» دېگەن تېكىست قېنىق يېشىل رەڭدە يېزىلغان ۋە چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ كۈندە كۆرۈنىدىغان پورترېتى بېرىلگەن.

10 تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ ئارقا تەرىپىدە يېشىل رەڭ بېسىمىراق. بانكنوتنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ئوق ژېتپەس» تېغىنىڭ مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي بانكىسىنىڭ 5، 3، 1 تەڭگىلىك بانكنوتلىرى 124×62 مىللىمېتىر ھەجىمدىكى قەغەزگە بېسىلغان. قازاق نەقىشىنىڭ كۈندە كۆرۈنىدىغان بەلگۈلىرى بىلەن ئۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن بانكنوتلارنىڭ بىرىنچى بېتىدە سول تەرەپتە «قازاقستان ئۇلتتىق بانكى» دېگەن تېكىست

# ۋاليۇتىسىنىڭ تەسۋىرى






























بېسىلغان. سول تەرىپىنىڭ تۆۋىنىدىكى بۆلۈگىدا ئاخچىلارنىڭ رەقەملىك بەلگۈلىرى بېزەك لېنتىلار ئىچىدە بېرىلگەن. ئوتتۇرىسىدا نومىناللارنىڭ تېكىستلىرى ۋە رەقەملىك بەلگۈلىرى بار. تۆۋەلدە «قازاقىستان ئۇلتتىق بانكى» تېكىستى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي بانكىسى رەئىسىنىڭ ئىمزاسى ۋە چىقىرىلغان ژىلى يېزىلغان. ئوڭ تەرەپنىڭ ژۇقۇرىدا قازاق مىللىي نەقىشى بېرىلگەن. ژۇقۇرىدا سولدا ۋە ئوڭ تەرەپنىڭ تۆۋىنىدە توغرا سىزىق بويىچە قارا رەڭ بىلەن سېرىيە ۋە نومېر بېرىلگەن.

5، 3، ۋە 1 تەڭگىلىك بانكنوتلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بوشلۇقتا؛ «بانكنوتتاردى قولدان جاساۋ زاكىمېن قۇدالانادى» دېگەن تېكىست بېرىلگەن. ئوڭ تەرەپتىكى تۆۋەلدىكى بوشلۇقتا نەقىش فونىدا نومىنالنىڭ رەقەملىك بەلگۈسى بېرىلگەن. ژۇقۇرى تەرىپىدە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېربى، بېسىلغان بوشلۇقتا نومىناللارنىڭ رەقەملىك ۋە تېكىستلىق بەلگۈلىرى بېرىلگەن.

5 تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ بىرىنچى بېتى قوڭۇر رەڭدە. بانكنوتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خەلق كومپوزىتورى قورمانغازىنىڭ پورترېتى بېرىلگەن. ژۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قوڭۇر رەڭ بىلەن كومپوزىتورنىڭ ئىسمى ۋە ھايات ژىللىرى بېسىلغان. پورترېتنىڭ سول تەرىپىدە تۆۋەلدە قازاق مىللىي نەقىشلىرى بېرىلگەن. نومىناللارنىڭ ئاستىدا سول تەرەپتىكى بۆلۈگىدا نەقىشلىك سۈرەتلەر ئورۇن ئالغان. 5 تەڭگىلىك سېرىق-قىزىل رەڭلىك بانكنوتنىڭ ئارقا تەرىپى ئوتتۇرىسىدا ماۋزولېي كومپلېكسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3 تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ بىرىنچى بېتى سۈر-يېشىل رەڭدە. بانكنوتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خەلق ئاقىنى سۈيىنباي پورترېتى جايلاشقان. ژۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قېنىق يېشىل رەڭ بىلەن ئاقىننىڭ ئىسمى ۋە ھايات ژىللىرى بېسىلغان. پورترېتنىڭ سول تەرىپىنىڭ تۆۋىنىدە قازاق مىللىي نەقىشى بېرىلگەن. نومىناللارنىڭ ئاستىدا سول تەرەپتىكى بۆلۈگىدا نەقىشلىق سۈرەت.

3 تەڭگىلىك قىممەتكە ئىگە بانكنوتنىڭ ئارقا تەرىپى يېشىل رەڭدە، ئوتتۇرىسىدا ئالتاغ مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

1 تەڭگىلىك بانكنوتنىڭ بىرىنچى بېتى كوك رەڭدە. بانكنوتنىڭ سول تەرىپىدە شەرىقنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ئەل-فارابىنىڭ پورترېتى، ئىسمى ۋە ھايات ژىللىرى ئورۇن ئالغان. پورترېتنىڭ سول تەرىپىدە تۆۋەلدە قازاق مىللىي نەقىشلىرى بېرىلگەن. نومىناللار ئاستىدا سول تەرەپتىكى بۆلۈگىدا نەقىشلىك سۈرەت. بىر تەڭگىلىك قىممەتكە ئىگە بانكنوتنىڭ ئارقا تەرىپى ھال رەڭدە، ئوتتۇرىسىدا ئەل-فارابىنىڭ گېومېترىيەلىك تۈزۈشلىرى ۋە فورمۇلىسى بېرىلگەن.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي بانكىسىنىڭ 50، 20، 10، 5، 2 ۋە 1 تىيىنلىق مونېتلىرى كۆندە كورۇلىدىغان بەلگۈ بىلەن 64×100 مىللىمېتر ھەجىمدە بېسىلغان. بىرىنچى بېتى ۋە ئارقا تەرىپىدىكى بېسىمراق رەڭلەر، 50 تىيىن — قوڭۇر، 20 تىيىن — سۈر، 10 تىيىن — ھال، 5 تىيىن — سوسۇن، 2 تىيىن — كوك ۋە بىر تىيىن يېشىل رەڭدە.

ھەممە نومىناللارنىڭ بىرىنچى بېتىدە ژۇقۇرىدا «قازاقىستان ئۇلتتىق بانكى» دېگەن تېكىست جايلاشقان، تۆۋەلدە نەقىشلەر بېرىلگەن. ئوڭ تەرەپتە نومىنالنىڭ سەككىز يۇلتۇزلۇق رەقەم بەلگۈلىرى بار. سول تەرەپتە نومىنالنىڭ نەقىشتىكى تېكىستى ئاستىدا چىقارغان ژىلى كورسىتىلگەن. سول تەرەپتە، تىك سىزىق بويىچە — نومېرى، توغرا سىزىق بويىچە سېرىيەسى كورسىتىلگەن. ئۈچ بۆلۈگىدا نومىناللارنىڭ رەقەملىرى ۋە پۈتكۈل بوشلۇقتا كومپيۇتېر تورى بېرىلگەن.

ھەممە نومىناللارنىڭ ئارقا تەرىپىدە ژۇقۇرىدا «قازاقىستان ئۇلتتىق بانكى» دېگەن تېكىست بېسىلغان. ژۇقۇرىدا ۋە تۆۋەلدە نەقىشلەر. سول تەرەپتە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى گېربى ئەكس ئەتكەن. ھەر بىر تىيىننىڭ سول تەرىپىدە نومىنالنىڭ رەقەملىك بەلگۈسى بېرىلگەن، سول تەرەپتە بولسا، تېكىستلىق بەلگۈسى. تۆرت بۆلۈگىدا نومىناللارنىڭ رەقەملىك بەلگۈلىرى بار.

# سىز «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا يېزىلدىڭىزمۇ؟

## تەشەككۇرنامە

ئالمۇتا ۋىلايىتى، تالغىر ناھىيەسى تەۋەسىدىكى بېساغاچ (ئىلگەركى دزېرژىنسكىي) يېزىسىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىچىدە ئانا تىلىمىزدىكى گېزىتلىرىمىزغا كەلگۈسى ۋىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا مۇشتىرى توپلاش ئىشى ئاياقلاشتى.

يېزا بويىچە «ئۇيغۇر ئاۋازى»— 149، «يېڭى ھايات»—97، نۇسخىنى تەشكىل قىلدى. مۇشتىرى توپلاش ئىشىنى ئۇتۇقلۇق تاماملاشقا ۋىگىت بېشى **ھۈسەيىن ئىلياس**، مەدەنىيەت مەركىزى يېزىلىق شوبىسىنىڭ رەئىسى **ئەخمەتجان ئاخمۇللايېۋ**، گېزىتلىرىمىزنىڭ جان كۆيەرلىرى **مەسۇمجان ھاشىموۋ، ئەمىردىن ھەمرايېۋ، دەۋلەت غوجامبەردىيېۋ، تۇرسۇن تۇرغانوۋ** سالماقلىق ھەسسىلىرىنى قوشتى.

ئاھالە ئارىسىدا گېزىتلارغا مۇشتىرى بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغان تەشۋىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا يۇرت ئىمامى **ئابدۇكېرىم ئاكا**، ئاقساقاللار **غەيىندىن قۇربانقۇلوۋ، رازاق روزىيېۋ، مەھەممەتجان ئاخمۇللايېۋلار** ناھايىتى ياخشى پائالىيەت كۆرسەتتى.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ تەھرىراتى ۋۇقۇرىدىكى ئىسمى ئاتالغان يولداشلارغا مۇشتىرى توپلاشتىكى خالىسانە ياردەملىرى ئۈچۈن چوڭقۇر مىننەتدارچىلىق ئىزھار قىلىدۇ.

### قول-قانات بولدى

**ئالتاغىنىڭ ئېتىگىگە جايلاشقان بۇك بوستانلىق قارغايلى يېزىسى «چاپايېۋ» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.**

**بۇ يېزىدا كوپ ۋىللاردىن بېرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىگىنىڭ ۋىگىت بېشى بولۇپ ئېلىۋالدى ئاكا ھۆرمەت قازانغان بولسا، كېيىنكى ئىككى-ئۈچ ۋىلدىن بېرى بۇ ئىشنى تايىرجان ئەلىيېۋ ھوددىسىگە ئېلىپ ئاتقۇرۇۋاتىدۇ.**

**ئۇيغۇرلارنىڭ كوز قارچۇغىدەك ئىككى گېزىتى—«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىگە ھەر ۋىلقىدەك مۇشتىرى توپلاش ئېلىپ بېرىلغاندا، ۋىگىت بېشى تايىرجان جامائەتچىلىك ئىچىدە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. توي-توكۈن، نەزىر-چىراق بولغان يەرلەردىن باشقا ئويمۇ-ئوي ۋۇرۇپ، 200گە يېقىن كىشىنى گېزىتلىرىمىزگە مۇشتىرى قىلدى. بۇ ئوتكەنكى ۋىللاردىكىدىن ئوشۇق دېگەن سوز. تايىرجاننىڭ ئىشىغا يار-يولەك بولغان مۇنار ئىسمائىلوۋ، تۇرسۇن مەسموۋ، تۇرسۇن نورۇزباقىيېۋ، سىدىقجان ئىسرايىلوۋ، تايىرجان مەسموۋ، ئەركىن سادىقوۋ، زاكىر ئىسلاموۋلارنىڭ نامىنى ئاتاشقا ئەرزىيدۇ.**

* * *

**ئىلى ناھىيەسى ئىكولايېۋكا يېزىسىنىڭ ۋىگىت بېشى ئابلەھەت ۋە يۇرت موتىۋەرلىرى ئابلاقجان ئېلىيېۋ، قارىم مۇسايېۋلارنىڭ خالىسانە ياردىمى ئارقىسىدا 50تىن ئارتۇق «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىگە مۇشتىرى قوبۇل قىلىندى. ۋۇقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان يولداشلارغا تەھرىراتىمىز تەشەككۇر ئىزھار قىلىدۇ.**



